# شى جىنپىڭ ئارگېنتىنا زۇڭتۇڭى فېرنەندىس بىلەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا ئۆزئارا خەت ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا ئارگېنتىنا زۇڭتۇڭى فېرنەندىس بىلەن ئۆزئارا خەت ئەۋەتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى.

شى جىنپىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن ئارگېنتىنا ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىدىن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرغانلىقىدىن سەممىي ھال سورىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو تەرەپ ئارگېنتىنانىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى قەتئىي قوللاپ، ئارگېنتىنا تەرەپنى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن جىددىي تەمىنلىدى، ئىككى دۆلەت مۇتەخەسسىسلىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى. جۇڭگو تەرەپ ئارگېنتىنا تەرەپ بىلەن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەجرىبىلىرى ۋە دىياگنوز قويۇش - داۋالاش لايىھەسىدىن داۋاملىق تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، ئارگېنتىنا تەرەپنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ماددىي ياردەم بىلەن تەمىنلەپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە ئالماشتۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن يەر شارى ۋە رايون ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا پائال تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

فېرنەندىس جۇڭگو تەرەپنىڭ ئارگېنتىنا تەرەپنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. فېرنەندىس مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش جەريانىدا كۈچلۈك رەھبەرلىك كۈچى ۋە ئىجادچانلىقنى نامايان قىلىپ، ئارگېنتىناغا ئۈلگە تىكلەپ بەردى. جۇڭگو تەرەپ پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئەڭ كەسكىن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەجرىبىسىگە ئىگە، بىز جۇڭگو تەرەپتىن ئۆگىنىپ ئۆرنەك ئېلىشنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ئىككى دۆلەتنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ھەمكارلىقى ئارگېنتىنا - جۇڭگو خەلقىنىڭ دوستانە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە تۇرۇۋاتىدۇ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئېڭى ۋە خىزمىتىنى قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ۋە ھەرقايسى ئورۇنلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىخەتەر تەرەققىيات ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، مەسئۇلىيەتنى قاتلاممۇقاتلام چىڭىتىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى، ھەرقايسى ھالقىلاردىكى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش يوشۇرۇن خەۋپلىرىنى چوڭقۇر رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە مەخسۇس تۈزەش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، سىستېمىلىق تۈزەش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەتەرلىك خىمىيەلىك بۇيۇم، كان، قاتناش - تىرانسپورت، سانائەت باغچىسى، شەھەر قۇرۇلۇشى، خەتەرلىك كېرەكسىز بۇيۇم قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرنى بىخەتەرلىك بويىچە تۈزەشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى؛ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيىتى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمى سىستېمىسى، يوشۇرۇن خەۋپنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، تۈزەش ۋە خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى تېزدىن ئورنىتىپ تاكامۇللاشتۇرۇپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش، قانۇن ئىجراسى ۋە بىخەتەرلىك مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، ئېغىر، پەۋقۇلئاددە زور ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى قەتئىي توسۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى ھەقىقىي قوغدىشى كېرەك.

مەملىكەتلىك بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى، يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى ۋە لى كېچياڭنىڭ تەستىقىي يوليورۇقى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى. يىغىندا بۇلتۇردىن بۇيانقى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىندى ھەم ھازىرقى ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە بىخەتەرلىك بويىچە ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش، پۈتۈن مەملىكەتتە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە مەخسۇس تۈزەش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇش ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ليۇ خې، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، گوۋۇيۈەن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن ۋاڭ يوڭ، جاۋ كېجى قاتناشتى.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: شى جىنپىڭنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، لى كېچياڭنىڭ تەستىقىي يوليورۇقىنىڭ تەلىپى بويىچە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە بىخەتەرلىك بويىچە ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش كېرەك. ھادىسە يوشۇرۇن خەۋپىنى تۈپتىن تۈگىتىشنى چۆرىدەپ، پۈتۈن مەملىكەتتە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە مەخسۇس تۈزەش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىش، كارخانىلارنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى تۈزەشنىڭ مۇھىم ھالقىسى قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش قانۇن ئىجراسى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاساسىي كاپالەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرتەرەپ قىلىشنى كۈچەيتىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن مۇقىم بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مۇھىتى ياراتىش كېرەك.

تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى مىنىستىرلىكى، قاتناش - تىرانسپورت مىنىستىرلىقى ۋە تيەنجىن، ئەنخۇي، گۇاڭدۇڭدىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىندا پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، گوۋۇيۈەن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتى ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ، ئالاقىدار خىزمەتلەرنى تەتقىق قىلدى.

---

ئاپتونوم رايون بىرلىك سەپ بۆلۈمى باشلىقلىرى، مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرلىرى يىغىنى ئاچتى

## دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەڭ زور چەكتە ئەقىل - پاراسەت، كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل غوپۇر** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ بىرلىك سەپ بۆلۈمى باشلىقلىرى، مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرلىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەپ، ئەقىل - پاراسەتنى مۇجەسسەملەپ، كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ۋە جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەشۋىق - تەربىيە ۋە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى ئەلالاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە سىجىل كۈچەپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇنلۇقلىرىنى قوغداپ، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەپ، ئەسەبىيلىكنى توسۇپ، سىڭدۈرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇپ، جىنايەتكە زەربە بېرىپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش كېرەك. دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار خىزمىتى ۋە پۇقراۋى ئىگىلىك، پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلار ۋە يېڭى جەمئىيەت قاتلىمىدىكى زاتلار بىرلىك سەپ خىزمىتىدە يېڭىلىق يارىتىپ ۋە ئۈنۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەڭ زور چەكتە مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرۇپ، زىددىيەتنى تۈگىتىپ، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پارتىيە رەھبەرلىكنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، چوڭ بىرلىك سەپ خىزمىتى ۋەزىيىتىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تايىنىشقا بولىدىغان، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئالىدىغان، نەتىجە يارىتىشقا ماھىر بىرلىك سەپ، مىللەت - دىن خىزمىتى كادىرلىرى قوشۇنىنى تاۋلاپ چىقىش كېرەك.

---

ئاپتونوم رايون ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان مەسىلىلەرنى تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئاچتى

## «مەسىلە تىزىملىكى» «مۇلازىمەت تىزىملىكى» ئارقىلىق ئاممىنىڭ «رازى بولۇش تىزىملىكى»نى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا**، ئىختىيارىي مۇخبىر **خۇاڭ ۋېنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان مەسىلىلەرنى تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش شارائىتىدا ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان مەسىلىلەرنى تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ۋە ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش رېۋىزىيە ئورگانلىرى ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى ئاڭلىق ھالدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، «ئىككىنى قوغداش»نى يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، تۈزەش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيىتىدىنمۇ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، «ئۈچىنى قىلماسلىق» ئىدىيەسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىشنى تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈشى كېرەك. ھەرقايسى باشلامچى ئورۇنلار مەخسۇس مەسىلە تىزىملىكى تۇرغۇزۇپ، چەكلىك مۇددەتتە تۈزىتىشى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش رېۋىزىيە ئورگانلىرى ئىنتىزام ئىجراسى، قانۇن ئىجراسىنى قاتتىق نازارەت قىلىپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈشكە «جۈرئەت قىلالماسلىق»نىڭ سىجىل چۆچۈتۈشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك؛ ھەرقايسى باشلامچى ئورۇنلار ۋە قاتناشقان ئورۇنلار تۈزىتىش بىلەن قۇرۇشنى تەڭ ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈزۈمدىن «يوچۇق» ئىزدەيدىغان، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان بوشلۇقنى ئەڭ زور دەرىجىدە تۈگىتىشى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى كاپالەتلىك قىلىش، ئىجرا قىلىشنى نازارەت قىلىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ۋاقتىدا ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە «زىيان يەتكۈزۈشكە يول قويمايدىغان» تۈزۈم قەپىزىنى زىچ توقۇشى كېرەك؛ ئىدىيەۋى تەربىيەنى كۈچەيتىپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈشنى «ئويلىماسلىق» ئىدىيە توسمىسىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ پارتىيە كومىتېتلىرى(پارتىيە گۇرۇپپىلىرى) پارتىيە خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، «تىك يۆنىلىشتە بىرلەشتۈرۈلگەن، توغرا يۆنىلىشتە تۇتاشتۇرۇلغان» خىزمەت مېخانىزمى ۋە «تۈرلەشكەن» خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىش شەكلىدە چىڭ تۇرۇپ، تۈزەش خىزمىتىنى ئاشكارا ئېلىپ بېرىش ھالىتى بىلەن، تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئۈنۈم يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، «مەسىلە تىزىملىكى»، «مۇلازىمەت تىزىملىكى» ئارقىلىق ئاممىنىڭ «رازى بولۇش تىزىملىكى»نى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو تەرەپ باشتىن - ئاخىر ئوچۇق، ئاشكارا، مەسئۇلىيەتچان بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ۋە خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن يۇقۇم ئۇچۇرلىرىدىن ۋاقتىدا تەڭ بەھرىلىنىپ، خەلقئارا ھەمكارلىقنى كەڭ قانات يايدۇردى. بىز ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىنى چىڭ ئىگىلەپ، ئېھتىياجلىق دۆلەتلەرنى چامىمىزنىڭ يېتىشىچە مەدەت ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلىدۇق. مەن ۋېنېزۇئېلادىكى يۇقۇمنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىمەن. مەن ۋېنېزۇئېلا ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى تېز، كەسكىن قوللىنىپ، ئۆز دۆلىتى خەلقىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسىنى تولۇق نامايان قىلغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. جۇڭگو تەرەپ ۋېنېزۇئېلا تەرەپنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى چۈشىنىپ، ۋېنېزۇئېلا تەرەپنى كۆپ تۈركۈم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى ياردىمى بىلەن تەمىنلىدى ھەم يۇقىرى سەۋىيەلىك داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. بىز ۋېنېزۇئېلا تەرەپ بىلەن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، داۋاملىق ياردەم بېرىشنى خالايمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو - ۋېنېزۇئېلا ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلاردىن بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقى بار. جۇڭگو تەرەپ ۋېنېزۇئېلا ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدىشى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغدىشى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىشىنى قوللايدۇ، ۋېنېزۇئېلا خەلقىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشىنى قوللايدۇ. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق ۋېنېزۇئېلا مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن ئىجابىي رول ئوينىشنى خالايدۇ.

مادۇرو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو تەرەپ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە مۇھىم، زور باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى، جۇڭگو تەرەپنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇسۇلى ۋېنېزۇئېلا تەرەپنىڭ ئۆگىنىشىگە، ئۆرنەك قىلىشىغا ئەرزىيدۇ. جۇڭگو تەرەپ ۋېنېزۇئېلا تەرەپنى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا زور ياردەم بىلەن تەمىنلىدى ھەم داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ ۋېنېزۇئېلا خەلقى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلدى. قىيىن پەيتتە تۇرۇۋاتقان ۋېنېزۇئېلا خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، جۇڭگو تەرەپنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى ئىنتايىن قىممەتلىك، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق دۇنياغا ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق روھىنى نامايان قىلدى. مەن ۋېنېزۇئېلا خەلقىگە ۋاكالىتەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ئاپېرىن ئوقۇيمەن ۋە رەھمەت ئېيتىمەن. ۋېنېزۇئېلا تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ساھەسىدىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ ھەم دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ خىزمىتىنى قوللايدۇ. ۋېنېزۇئېلا جۇڭگو بىلەن بولغان ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى قەدىرلەيدۇ، جۇڭگو بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى بىرلىكتە ئالغا سىلجىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كەچتە مېكسىكا زۇڭتۇڭى لوپېز بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، مېكسىكا قاتارلىق لاتىن ئامېرىكىسى ۋە كارىب دۆلەتلىرىدە يۇقۇم ئۈزلۈكسىز ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ، مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن مېكسىكا ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىدىن سەممىي ھال سورايمەن ۋە قەتئىي قوللايمەن. زۇڭتۇڭ ئەپەندىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مېكسىكىنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن تېزدىن غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق مېكسىكا تەرەپنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە قوللاشنى، جۈملىدىن مېكسىكا تەرەپنىڭ جۇڭگودا جىددىي ئېھتىياجلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىشقا ياردەملىشىشنى خالايدۇ. ئىككى تەرەپ يەنە داۋاملىق مۇتەخەسسىسلەر سىن يىغىنى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە داۋالاش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرسا بولىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو تەرەپ باشتىن - ئاخىر ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىنى چىڭ ئىگىلەپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خەلقئارا ھەمكارلىقنى پائال قانات يايدۇرۇپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ خىزمىتىنى قەتئىي قوللىدى. 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىدا، مەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خەلقئارا ھەمكارلىقى ۋە دۇنيا ئىقتىسادىنى مۇقىملاشتۇرۇش توغرىسىدا تۆت تۈرلۈك تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. جۇڭگو تەرەپ مېكسىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، باشلىقلار يىغىنى ئورتاق تونۇشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى خالايدۇ. بۇ قېتىمقى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقى ئارقىلىق، جۇڭگو - مېكسىكا ئىككى دۆلەت خەلقى دوستلۇقىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى ئىستراتېگىيەلىكلىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. جۇڭگو تەرەپ مېكسىكا تەرەپ بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك رامكا ئىچىدىكى ئالاقىلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا بىرلىكتە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

لوپېز مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مېكسىكا تەرەپ ھازىر يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ قىيىن پەيتىدە تۇرۇۋاتىدۇ، جۇڭگو تەرەپ مېكسىكا تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى قىممەتلىك مەدەت ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلىدى، بۇ، مېكسىكا تەرەپ ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. مېكسىكا جۇڭگو بىلەن قېرىنداشلارچە دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلدى، مېكسىكا تەرەپ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى پائال راۋاجلاندۇرۇشقا داۋاملىق كۈچ چىقىرىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئاممىۋى سەھىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: يەككە سودا - سانائەتچىلەرگە ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل بېرىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىدە مەھەللە(يېزا - بازار)دىكى خىزمەت ئىشخانىسى بىلەن ناھىيە(شەھەر، رايون)دىكى خىزمەت ئىشخانىسى تەكشۈرۈش، قايتا تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت «ئىككى دەرىجىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش» مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئالىدۇ. قەرز پۇل بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان ھەرقايسى بانكىلار مەھەللە(يېزا - بازار)دىكى خىزمەت ئىشخانىسى تەۋسىيە قىلغان «يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل ئېلىش ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈش جەدۋىلى» ۋە جەملەپ خۇلاسىلەش جەدۋىلىگە ئاساسەن، يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل ئېلىش ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ. قەرز پۇل بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان بانكىلار تەكشۈرۈپ بېكىتىش نەتىجىسىگە ئاساسەن، قەرز پۇل ئالغۇچى بىلەن رەنىسىز، كېپىلسىز قەرز پۇل ئېلىش توختامى ئىمزالايدۇ، ئىككى خىزمەت كۈنىدە قەرز پۇلنى تارقىتىپ بولىدۇ.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنداق تەكىتلەندى: يەككە سودا - سانائەتچىلەرگە «رەنىسىز، كېپىلسىز، مالىيە ئۆسۈم ياردىمى بېرىدىغان» ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل بېرىش سىياسىتىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قەرز پۇل بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان ھەرقايسى بانكىلار ھەرقايسى ناھىيە(شەھەر، رايون)دىكى بانكا تارماق ئاپپاراتلىرىغا قەرز پۇل بېرىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى بېرىشى، تارماق ئاپپاراتلار شۆبە بانكا ۋە باش بانكىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللىماستىن، قەرز پۇل بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان بانكىنىڭ قەرز پۇل بېرىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋاقتىنى قىسقارتىپ، تېز تەكشۈرۈش، تېز تەستىقلاش، تېز قەرز بېرىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى يەككە سودا - سانائەتچىلەرگە ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل بېرىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە نۇقتىلىق دىققەت قىلىپ، يېتەكچىلىك، ھەيدەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، يەككە سودا - سانائەتچىلەرگە ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل بېرىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى «كۈندىلىك رەتكە تۇرغۇزۇش، كۈندىلىك ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش» مېخانىزمى ئورنىتىدىكەن.

ئىگىلىنىشچە، يەككە سودا - سانائەتچىلەرگە ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل بېرىش سىياسىتى 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا جەمئىي 20 مىڭ 226 يەككە تىجارەتچىگە 1 مىليارد 184 مىليون يۈەن قەرز پۇل بېرىلگەن.